# 49004 - ئىلاھى خاھىش( قازا) ۋە تەقدىر ھەققىدە ئەھلى سۈننەتنىڭ ئېتىقادى ھەققىدە ئومۇمى بايان

## سوئال

ئىلاھى خاھىش ۋە تەقدىر ھەققىدە ئىسلام كۆز قارىشىنى چۈشەندۈرۈپ قويالامسىز ؟ بۇ تىما توغرىسىدا مەن نىمىگە ئىشىنىشىم لازىم؟

## تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن

بىز ئىسلامنىڭ ئىلاھى خاھىش ۋە تەقدىر ھەققىدىكى قارىشىنى ئۇزۇن سۆزلىمەيمىز . بىراق بۇ ماۋزۇنى چۈشىنىشكە ئوڭاي بولۇش ئۈچۈن ، بۇ تېمىنىڭ ئومۇمى بايانى بىلەن باشلايمىز . ئاندىن مۇمكىنقەدەر كۆپ چۈشەنچە بېرىمىز . بۇ ئارقىلىق ئاللاھتىن بىزگە مەنپەئەت بېرىشىنى ، تىرىشچانلىقلىرىمىزنى قوبۇل قىلىشىنى سورايمىز:

بىلگىنكى ، ئىلاھى خاھىش ھەققىدە ئىشىنىشنىڭ مەنىسى _ بۇ كائىناتتا يۈز بېرىدىغان ھەر قانداق ئىش ئاللاھنىڭ خاھىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يۈز بېرىدۇ دەپ جەزمەن ئىشىنىش .

تەقدىر( ئىلاھى ئورۇنلاشتۇرۇش ) ھەققىدە ئىشىنىش : ئۇ بولسا ئىيماننىڭ ئالتىنچى تۈۋرىكى ھەمدە ئۇنىڭسىز ئىمان مۇكەممەل بولمايدۇ . سەھىيھ مۇسلىمدا(8) ئىبنۇ ئۇمەردىن نەقىل قىلىندىكى ، ئۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغانلىقى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ : " ئەگەر مەن بۇ كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ قالسام ، مەن ئۇلارغا : مىنىڭ ئۇلاردىن ئادا-جۇدالىقىمنى ، ئۇلارنىڭ مىنىڭدىن ئادا-جۇدالىقىنى دەيمەن . ئابدۇللاھ بىن ئۇمەر قەسەم قىلىدىغان زات بىلەن قەسەمكى ، ئەگەردە ئۇلارنىڭ بىرىدە ئۇھۇد تېغىغا تەڭ كېلىدىغان ئالتۇنى بولسا ۋە ئۇنى خىراجەت قىلسا ، ئۇ تەقدىر ھەققىدە ئىشەنگەنگە قەدەر ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ . " دىدى . ۋە يەنە شۇنى بىلىش كېرەككى ، سىز تەقدىرنىڭ تۆت تەرىپىگە ئىشەنمىگۈچە ، سىزنىڭ تەقدىرگە بولغان ئىشىنىشىڭىز توغرا ئەمەس ، ھەمدە ئۇلار تۆۋەندىكىچە :

1- ئاللاھنىڭ ھەممە ئىشلارنى ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈ ئومۇمىيۈزلۈك ، تەپسىلي بىلىدىغانلىقىغا ، شۇڭا ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بىر ئاتوم مىقدارى نەرسىمۇ ئۇنىڭغا نامەلۇم ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش .

2- ئاللاھنىڭ بارلىق ئىشلارنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن لەۋھۇل مەھفۇزدا پۈتكەنلىكىگە ئىشىنىش .

3- ئاللاھنىڭ خاھىشىغا قارشى تۇرغىلى بولمايدىغانلىقى ، ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىكەنلىكى ، شۇڭا كائىناتتىكى ھەرقانداق نەرسە ياخشى ياكى ئەسكى بولسۇن ئۇنىڭ خاھىشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش

.

4- بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى ، شۇڭا ئۇنىڭ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى ، ئۇنىڭ ئاللاھدىن باشقىلىرى ،ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش . خۇددى ئاللاھ ئېيتقاندەك : **« ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار . ئۇنىڭدىن بۆلەك ئىلاھ يوق ، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى . »** [ ئەنئام ( چاھارپايلار) : 102 ]

تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ توغرا بولۇشى مۇنۇ ئىشىنىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

- بەندىنىڭ خاھىشى ۋە ئەركىنلىكى بار بولۇپ ، ئۇ ئارقىلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ . خۇددى ئاللاھ دىگەندەك : **« سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن توغرا مېڭىشنى خالايدىغانلارغىلا »** [ تەكۋىير : 28 ] ، **« ئاللاھ بىرسىگە ئۇنىڭ تاقىتىدىن سىرتىنى يۈكلىمەيدۇ .»** [ بەقەرە( ئىنەك ) : 286]

- بەندىنىڭ خاھىشى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئاللاھنىڭ خاھىشى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدىغانلىقى ، ھەمدە ئۇ بولسا بەندىگە ئۇنى بەرگەن ، ۋە ئۇنى ( ئاق-قارىنى) پەرىقلەندۈرۈشكە قادىر قىلغان ۋە ئىختىيارلىقنى بەرگەن زات . خۇددى ئاللاھ دىگەندەك : **« ھەمدە سىلەر دۇنيالار ( ئاللاھتىن باشقا ، ئىنسانلار دۇنياسى ، جىنلار دۇنياسى ۋە باشقا دۇنيالار) نىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىمىسا خالىيالمايسىلەر .»** [ تەكۋىير: 29 ]

- تەقدىرنىڭ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ھەققىدىكى سىرى ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭدىن بىزگە ئايان بولغانلىرىنى بىلىمىز ۋە ئىشىنىمىز . بىزگە يۇشۇرۇن بولغانلىرىنى قوبۇل قىلىمىز ۋە ئىشىنىمىز . بىزنىڭ چەكلىك ئەقلىمىز ۋە ئاجىز چۈشىنىشىمىز بىلەن ئاللاھنىڭ ھەركەتلىرى ۋە بەلگىلىمىلىرى توغرىسىدا مۇنازىرلەشمەيمىز . بەلكى ئاللاھنىڭ مۇكەممەل ئادىللىقى ۋە يۈكسەك ئاقىلانىلىقىغا ئىشىنىمىز . ھەمدە ئۇ قىلغان ئىشلىرى توغرىسىدا سوئال-سوراق قىلىنمايدۇ . ئۇ پاك ، مەدھىيە ئۇنىڭغا بولسۇن .

بۇ بولسا توغرا يوللۇق پىشقەدەملەر( سەلەفەر) نىڭ بۇ مۇھىم تىما ھەققىدىكى ئېتىقادىنىڭ خۇلاسىسى . بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تىخىمۇ تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلىمىز . ھەمدە ئاللاھتىن توغرىسىنى دىيىشكە مۇۋەپپەق قىلىشنى سورايمىز :

بىرىنچى : ئىلاھى خاھىش( قازا) ۋە تەقدىر( قەدەر) نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى :

قازا نىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى : نەرسىنى پۇختىلاش ، ئىشنى تاماملاش . قەدەرنىڭ بولسا : باھالاش ، ئورۇنلاشتۇرۇش .

ئىككىنچى : ئۇلارنىڭ شەرئىەتتىكى مەنىسى :

قەدەر( تەقدىر) بولسا : ئاللاھنىڭ شەيئىلەرنى ئەزەلدىن ئورۇنلاشتۇرۇشى ، ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ نەزىرىدىكى مۇئەييەن ۋاقىتلاردا ۋە ئاللاھ خالىغان ۋە يېزىپ قويغان مەخسۇس سۈپەتلەردە يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىشى ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى ۋە يارىتىلىشى بويىچە يۈز بېرىدىغانلىقى .

ئۈچۈنچى : ئىلاھى خاھىش( قازا) بىلەن تەقدىر ئوتتۇرىسىدا پەرىق بارمۇ ؟

بەزى ئالىملار ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار دىدى . بىراق ئەڭ توغرا قاراش ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنە جەھەتتىن پەرق يوق . ھەمدە ھەر بىرى يەنە بىرىنىڭ مەنىسىنى كۆرسىتىدۇ . ھەمدە كىتاب ۋە سۈننەتتە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق بارلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىنىق دەلىل يوق . ئالىملار بىرسىنىڭ يەنە بىرسىنىڭ ئورنىدا قوللۇنىلىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى . بىراق شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كىرەككى ، بۇ ئىماننىڭ بۇ تۆۋرىكىگە ئىشىنىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدىغان قۇرئان ۋە ھەدىيس تېكىستلىرىدە قەدەر( تەقدىر) سۆزى ئەڭ كۆپ كىلىدۇ . ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

تۆتىنچى : تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى :

تەقدىرگە ئىشىنىش ئىماننىڭ ئالتە تۆۋرىكىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇ جەبرائىل پەيغەمبىرىمىزدىن( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئىمان ھەققىدە سورىغاندا ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە تىلغا ئىلىنغان . ئۇ مۇنداق دىگەن : **« ئۇ بولسا ئاللاھقا ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە ، ئەلچىلىرىگە ، كىتاپلىرىغا ، ئاخىرەت كۈنىگە ھەمدە قەدەر( تەقدىر) نىڭ ياخشىسى ۋە يامىنىغا ئىشىنىشىڭ . »** [ ئۇنى مۇسلىم نەقىل قىلغان ،8 ] قەدەر( تەقدىر) قۇرئاندىمۇ تىلغا ئىلىنغان : **« بىز ھەقىقەتەن ھەممە شەيئىنى قەدەر( بارلىق شەيئىلەرنىڭ يارىتىلىشتىن بۇرۇنقى تەقدىر كىتابى لەۋھۇل مەھفۇزدا پۈتۈلگەن ئىلاھى ئالدىن بەلگىلەش ) بىلەن ياراتتۇق . »**

[ قەمەر( ئاي ) : 49 ] ، **« ھەمدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بەلگىلىنىپ بولغان قەدەر( تەقدىر) بولدى .»** [ ئەھزاب( قوشۇنلار) : 38 ]

بەشىنچى : تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ تەرەپلىرى :

بىلىڭكى ، ئاللاھ سىزنى ئۇنىڭ رازىلىقىغا نىسىپ قىلسۇن . تەقدىرگە ئىشىنىش تۆۋەندىكى تۆت تەرەپكە ئىشەنمىگۈچە تولۇق بولمايدۇ :

ئا- بىلىش : يەنى ئاللاھنىڭ بىلمى بارلىق شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئاسمانلاردىكى ۋە ياكى زىمىندىكى بىرەر تال ئاتوممۇ ئۇنىڭ بىلمىنىڭ سىرتىدا ئەمەسلىكىگە ئىشىنىش . ئاللاھ ئۆزىنىڭ مەخلۇقاتلىرىنى ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن بىلەتتى ھەمدە ئۇ ئۇلارنىڭ نىمە قىلىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ۋە مەڭگۈلۈك بىلمى بىلەن بىلەتتى . بۇنى كۆرسىتىدىغان دەلىلەر كۆپ ، ئۇلاردىن : **« ئۇ بولسا ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوق ئاللاھ . ئۇ كۆرۈنمەس ۋە كۆرۈنىدىغاننى بىلگۈچى .»** [ ھەشىر( سۈرگۈن قىلىش ) : 22] ،**« ھەمدە ئاللاھ بارلىق شەيئىلەرنى بىلىش بىلەن ئوراپ تۇرىدۇ .»** [ تالاق : 12]

ئە-پۈتۈش : يەنى ئاللاھ بارلىق يارىتىلمىلارنىڭ مىقدارىنى لەۋھۇل مەھفۇزغا پۈتكەنلىكىگە ئىشىنىش . بۇنىڭ دەلىلى : **« بىلمەمسەنكى ، ئاللاھ ئاسماندىكى ۋە زىمىندىكى بارلىق نەرسىنى بىلىدۇ . ھەقىقەتەن ئۇلار كىتاپتا بار ، ھەقىقەتەن ئۇلار ئاللاھقا ئاسان .»** [ ھەج: 16 ] ، پەيغەمبەرنىڭ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنۇ سۆزى : **« ئاللاھ بارلىق يارىتىلمىلارنىڭ مىقدارلىرىنى ئاسمانلار ۋە زىمىننى يارىتىشتىن 50 مىڭ يىل بۇرۇن پۈتكەن .»** [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 2653 ]

ب- ئىرادە قىلىش ۋە خالاش : يەنى بۇ كائىناتتا يۈز بىرىدىغان بارلىق نىمە ئاللاھنىڭ خاھىشى بىلەن يۈز

بىرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش . شۇڭا ئاللاھ خالىغان نىمە بولىدۇ ، ئۇ خالىمىغان نىمە بولمايدۇ ، ھەممە ھىچ نەرسە ئۇنىڭ ئىرادىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ . ئۇنىڭ دەلىلى : **« مەن ئەتە مۇنداق-مۇنداق ئىش قىلماقچى دەپ ھەرگىز بىرنىمە دىمە ! پەقەت ئاللاھ خالىسانى ( قوشۇپ دىگىن) »** [ كەھف( ئۆڭكۈر) : 23-24 ] ، **« سىلەر دۇنيالارنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ خالىمىغۇچە خالىيالمايسىلەر .»** [ تەكۋىير : 29 ]

پ _ يارىتىش : يەنى ئاللاھنىڭ بارلىق شەيئىنىڭ ياراتقۇچىسى ، ھەممە ئۇ بەندىلەرنىڭ ئىش-ھەركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، شۇڭا بۇ كائىناتتا قانداق نەرسە يۈز بەرمىسۇن ، پەقەت ئۇ ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى دەپ ئىشىنىش . ئاللاھ مۇنداق دىگەن : **« ئاللاھ بولسا بارلىق شەيئىنىڭ ياراتقۇچىسى .»** [ زۇمەر( كىشلەر توپى ) : 62] ، **« ھەممە ئاللاھ سىلەرنى ۋە سىلەر قىلىۋاتقان نىمنى ياراتتى .»** [ سافقات( سەپ بولۇپ تۇرغۇچىلار) : 96 ] ھەممە پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرپىلشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنۇ سۆزى : **« ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەر بىر ياسىغۇچى ۋە ئۇنىڭ ياسىغىنىنى ياسايدۇ .»**

[ ئۇنى بۇخارىي بەندىلەرنىڭ ئىش-ھەركەتلىرىنىڭ يارىتىلىشى بابىدا( 25) ، ھەممە ئىبنۇ ئەبۇ ئاسىم **« سۈننەت»** تە(257، 358) چىقارغان . ھەممە ئەلبانىي سەھىيھەدە ئۇنى سەھىيھ دەپ تۈرگە ئايرىغان ، 1637 ]

پىشقا ئىبنۇ سەئىدىي مۇنداق دىگەن : ھەقىقەتەن ئاللاھ ئۇلارنى ، يەنى ئىنسانلارنى ياراتقۇچى بولغىنىدەك ، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىدارلىرى ۋە ئىرادىلىرىدىن ئىبارەت ئۇلار مۇشۇلار ئارقىلىق ئىش قىلىدىغان نىملەرنىمۇ ياراتقۇچى ؛ ئاندىن ئۇلار بولسا بويسۇنۇش ۋە ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىبارەت ھەر خىل ئىش-ھەركەتلەرنى ئاللاھ ياراتقان ئىقتىدارلىرى ۋە ئىرادىلىرى بىلەن قىلىدۇ .

[ دۇررەتۇل بەھىييە شەرھى قەسىيدەتۇت تائىييە ، 18-ب ]

تەقدىر مەسىلىلىرى توغرىسىدا ئەقىلگە تايىنىپ بەس-مۇنازىرە قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇش :

تەقدىرگە ئىشىنىش بولسا بىر ئادەمنىڭ ئاللاھقا توغرا يۈسۈندا ئىشىنىش دائىرىسىدە بىر ھەقىقى سىناق بولۇپ ، ئۇ ئىنسانىنىڭ پەرۋەردىگارىنى قانچىلىك بىلىدىغانلىقى ھەممە بۇ بىلىمدىن كىلىپ چىقىدىغان ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ، مۇكەممەل سۈپەتلىرىگە قەتئىي راست ئىشىنىدىغانلىقىنى كۈچلۈك سىناش . چۈنكى ئۇ چەكلىك ئەقلىنى ئۇنى چۈشىنىشكە قويۇۋەتكەن كىمگە نۇغۇن سوئاللارنى تۇغدۇرىدۇ . تەقدىر مەسىلىسىدە نۇرغۇن ئىختىلاپلار بولدى ھەممە كىشلەر بەس-مۇنازىرىگە ، ۋە ئۇنى تىلغا ئالغان قۇرئان ئايەتلىرىنى خاتا چۈشەندۈرۈشكە چۈشۈپ كەتتى . ئەمەلىيەتتە ئىسلامنىڭ ھەر بىر دەۋرىدىكى دۈشمەنلىرى تەقدىر مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ئۇنىڭغا شەك-شۈبھەلەرنى ئارلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىدە قايمۇقۇشنى قوزغاپ كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنى ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە يۈكسەك سۈپەتلىرى بىلەن تونۇيدىغان ، كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىدىغان ۋە پەرۋەردىگارىغا ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان كىشىدىن باشقا ھىچكىمدە توغرا ئىيمان ۋە قەتئىي ئىشىنىشنىڭ بارلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى . شۇڭا ئاشۇنداق بولغاندىلا ھىچقانداق شۈبھىلەر ۋە شەكلەر ئۇنىڭ قەلبىگە كىرىشكە يول تاپالمايدۇ ، مانا بۇ شۈبھىسىزكى تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ ئىمانىنىڭ باشقا تۈۋرۈكلىرىگە قارىغاندا تىخمۇ مۇھىملىقىغا ئەڭ چوڭ دەلىل . ھەممە ئىنسان ئەقلى

مۇستەقىل ھالدا تەقدىرنى چۈشىنەلمەيدۇ ، چۈنكى تەقدىر ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى توغرىسىدىكى سىرلىرىنىڭ بىرى . شۇڭا ئاللاھ كىتابىدا ياكى ئەلچىسىنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) تىلى بىلەن بىزگە ئىچىۋەتكىنىنى بىلىمىز ، ئۇنى قوبۇل قىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز . ھەمدە پەرۋەردىگارىمىز بىزگە دىمىگەنلىرىگە ئىشىنىمىز ھەمدە ئۇنىڭ مۇكەممەل ئادىللىقى ۋە ۋايىغا يەتكەن دانالىقىغا ئىشىنىمىز . ھەمدە ئۇ پاك ئاللاھ قىلغىنىدىن سوئال-سوراق قىلىنمايدۇ ، بەلكى ئۇلار سوئال-سوراق قىلىنىدۇ . ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ ، ئاللاھ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەدنى ۋە ئائىلىسىنى ، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ( ساھابىلەرنى ) تەرىپلىسۇن ۋە ئامان قىلسۇن .

[ **« ئەئىلام سۈننەتۇل مەنشۇرە»** 147 ، پېشۋا د. ئابدۇررەھمان مەھمۇدنىڭ **« كىتاب ۋە سۈننەت يورۇقىدا ئىلاھى خاھىش ۋە تەقدىر »** ، پېشۋا مۇھەممەد ھەمدنىڭ **« ئىلاھى خاھىش ۋە تەقدىرگە ئىشىنىش »** كە قاراڭ ]